# ئاپتونوم رايون ئىككىنى ھىمايە قىلىش ۋە ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر نەمۇنىچىلىرىغا نام بېرىش، تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

چىن چۈەنگو ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن، تەقدىرلەنگەن نەمۇنىلىك ئورۇن ۋە نەمۇنىچى شەخسلەرنى قىزغىن تەبرىكلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى، قوراللىق ساقچى قىسىم ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلىرى، ئارمىيەدىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيەگە چىققان پېشقەدەم كادىرلار، قۇربان بولغان ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى ۋە كەڭ ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەردىن بايراملىق ھال سورىدى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلگەن، مەدەت بەرگەن، قاتناشقان بارلىق ھەر ساھە زاتلىرىغا چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

چىن چۈەنگو ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى، تەقدىرلەنگەن نەمۇنىلىك ئورۇن ۋە شەخسلەرنى شان ـ شەرەپنى قەدىرلەپ، مەغرۇرلۇقتىن، ئالدىراقسانلىقتىن ساقلىنىپ، يەنە يېڭى تۆھپىلەرنى قوشۇشقا، يەنە ئەلا نەتىجىلەرنى يارىتىشقا ئىلھاملاندۇردى. چىن چۈەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ھەرقايسى تارماقلار، كەڭ كادىرلار، ئامما ۋە قىسىمدىكى ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەر ئىلغار تىپلاردىن ئۆگىنىپ، تىرىشىپ ۋەتەننى سۆيۈش، ئارمىيەنى ھىمايە قىلىش، ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش، خەلقنى سۆيۈشتىكى نەمۇنىچىلاردىن بولۇپ، تىرىشىپ ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاشنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكۈچىلەردىن بولۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشى كېرەك. بىرىنچىدىن، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر خىزمىتى ۋە ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىشتىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، بۇرچ تۇيغۇسىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش كېرەك. «تۆت ئاڭ»نى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ئارقىلىق ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر خىزمىتى ۋە ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتىگە بىرتۇتاش يېتەكچىلىك قىلىپ، تېخىمۇ يۇقىرى ئۆلچەم ۋە تەلەپ ئارقىلىق ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش كېرەك. ئىككىنچىدىن، ئومۇمىي ۋەزىيەتكە مۇلازىمەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە مەركەزلەشتۈرۈش كېرەك. ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتىنىڭ ئەۋزەللىكى، رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلق ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ئورتاق قوغدايدىغان پولات سېپىلنى مۇستەھكەم بەرپا قىلىش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، دىققەتنى غەلىبىلىك جەڭ قىلىشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، قىسىمنىڭ ئەمەلىي جەڭ قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشنى زور كۈچ بىلەن قوللاش كېرەك. ئارمىيە بىلەن يەرلىك ماسلىشىش، ئارمىيەنى ھىمايە قىلىش، ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش چوڭقۇر يۇغۇرۇلغان ئۇرۇش رايونى بىرلەشمە جەڭ قىلىش قوماندانلىق زەنجىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قىسىم ئۇرۇش قىلىشنى مەشىق قىلىدىغان، يەرلىك ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىشنى مەشىق قىلىدىغان ياخشى ۋەزىيەت شەكىللەندۈرۈش كېرەك. تۆتىنچىدىن، ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش، خەلقنى سۆيۈشنى چۆرىدەپ، يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي قۇرۇلۇشىغا پائال قاتنىشىش كېرەك. يەرلىكنىڭ ئېھتىياجى، ئاممىنىڭ ئۈمىدى بىلەن قىسىمنىڭ ئىقتىدارىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئۇل ئەسلىھە، خەتەردىن ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش قاتارلىقلارغا بىرلەشتۈرۈپ، خەلق ئارمىيەسىنىڭ جەڭگىۋار قوشۇن، خىزمەت ئەترىتى، ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى بولۇش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. بەشىنچىدىن، ئارمىيەنى ھىمايە قىلىش، ئائىلە تەۋەلىرىگە ئېتىبار بېرىشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ھەربىيلەر، ھەربىيلەر ئائىلە تەۋەلىرى ۋە نەپىقە ئوبيېكتلىرىنىڭ شەرەپ تۇيغۇسى، ئېرىشىش تۇيغۇسىنى كۈچەيتىش كېرەك. نەپىقە بېرىش، ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى تۈرلۈك سىياسەتلەرنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەربىيلەر، ھەربىيلەر ئائىلە تەۋەلىرىنىڭ قىيىنچىلىق مەسىلىلىرىنى كۈچەپ ھەل قىلىپ، ئۇلارغا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقى بىلەن ئىللىقلىقنى تولۇق ھېس قىلدۇرۇش كېرەك. ئالتىنچىدىن، ئارمىيە ـ خەلق يۇغۇرۇلۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئارمىيە ـ خەلق چوڭقۇر يۇغۇرما تەرەققىيات ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. ئۇدۇللاشتۇرۇش، ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، تەشكىلىي كاپالەتنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، بايلىقنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئورتاق بەرپا قىلىپ، ئارمىيە بىلەن يەرلىكنىڭ كۈچىنى بىرىكتۈرۈپ، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى مۇھىم ئامىللارنى يىغىپ، ئارمىيە ـ خەلق يۇغۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي مۇھىم ئاملاغا، كۆپ ساھەگە، يۇقىرى ئۈنۈمگە قاراپ چوڭقۇر تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. يەتتىنچىدىن، تەشۋىق قىلىش، يېتەكلەشنى كۈچەيتىپ، ئارمىيەنى ھىمايە قىلىپ، خەلقنى سۆيىدىغان ياخشى ئىجتىمائىي كەيپىيات يارىتىش كېرەك. جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنى ئىككىنى ھىمايە قىلىش، ئورتاق بەرپا قىلىشنىڭ قايناق ئەمەلىيىتىگە پائال ئاتلىنىشقا يېتەكلەپ، ھەممە بىر نىيەتتە كۈرەش قىلىدىغان يېڭى دەۋرنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى مۇجەسسەملەش كېرەك. سەككىزىنچىدىن، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتىنىڭ يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلىشىنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتىنى مۇھىم سىياسىي مەسئۇلىيەت بىلىپ، گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، بىرتۇتاش پىلانلاش، ماسلاشتۇرۇپ يېتەكلەش ۋە ھەيدەكچىلىك قىلىپ تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىشى كېرەك؛ ھەرقايسى ئالاقىدار ئورۇنلار پىكىر ئالماشتۇرۇش، ماسلاشتۇرۇش يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ، ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەت، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ ئالاقىسىنى قويۇقلاشتۇرۇپ، تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە ئەرتىپلىك، كۈچلۈك تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

شۆھرەت زاكىر مۇنداق كۆرسەتتى: «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشنى پۇرسەت بىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرما ـ تەلەپلىرى بويىچە، ئىككىنى ھىمايە قىلىش ۋە ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىش مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، بۇرچ تۇيغۇسىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا پۇختا مەركەزلەشتۈرۈپ، قىسىم قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ، ئارمىيەنى ھىمايە قىلىش، ئائىلە تەۋەلىرىگە ئېتىبار بېرىش، ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش، خەلقنى سۆيۈش خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، تېخىمۇ يۇقىرى ئۆلچەم ۋە تەلەپ بىلەن ئارمىيە ـ خەلق يۇغۇرما تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، ئىككىنى ھىمايە قىلىش ۋە ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر خىزمىتىدە ئۈزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك.

يىغىن تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى شەكلىدە ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، بىڭتۇەننىڭ ئالاقىدار خىزمەتكە مەسئۇل رەھبەرلىرى، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملارنىڭ رەھبەرلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلىرى يىغىنغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايون ۋە ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتىگە ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ مەسئۇل يولداشلىرى، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىككىنى ھىمايە قىلىش، ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر نەمۇنىچىلىرى ۋەكىللىرى، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى، قوراللىق ساقچى قىسىمدىكى ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەر ۋەكىللىرى ئاساسىي يىغىن مەيدانىدا يىغىنغا قاتناشتى.

### ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم سىياسىي ـ قانۇن كومىتېتى ئومۇمىي يىغىن ئاچتى

# ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسىي ـ قانۇن ساھەسىدە ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېڭى بوسۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك

مۇخبىرىمىز سۈي يۈنيەن خەۋەر قىلىدۇ: 7 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم سىياسىي ـ قانۇن كومىتېتى 3 ـ قېتىملىق ئومۇمىي يىغىن ئېچىپ، ئالدىنقى يېرىم يىللىق خىزمەتلەرنى خۇلاسىلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كېيىنكى يېرىم يىللىق سىياسىي ـ قانۇن خىزمەتلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. يىغىندا مەملىكەتلىك سىياسىي ـ قانۇن ساھەسىدە ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسىي ـ قانۇن خىزمىتى ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈش پىكرى تەتقىق قىلىندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، سىياسىي ـ قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ جۈنجېڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەمدە سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىش، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىش، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. كەڭ كادىر ـ ساقچىلار، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلارنى ئەسلىي مەقسەت، بۇرچنى ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقنى يېڭىش، يېڭىلىق يارىتىش ئۇستىدە ئىزدىنىشتىكى ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي ئومۇمىي ۋەزىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قەتئىي قوغداپ، دۆلەتنىڭ سىياسىي بىخەتەرلىكىنى قەتئىي تەۋرەنمەي قوغداشقا يېتەكلەش كېرەك. قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىنىڭ كۈچلۈك ھۇجۇم ھالىتىنى ساقلاپ، ئاساسىي قاتلام جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىشتا يېڭىلىق يارىتىشنى كۈچەيتىپ، سىياسىي ـ قانۇن تۈرلۈك خىزمەت تەدبىرلىرىنىڭ پۇختا ئەمەلىيلىشىشى، جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ سىياسىي ـ قانۇن ساھەسى پارتىيەنىڭ سىياسىي ـ قانۇن خىزمىتىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مەملىكەتلىك سىياسىي ـ قانۇن ساھەسىدە ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىسلاھاتنىڭ يېڭى ئىدىيەسى، يېڭى پىكىر يولى، يېڭى ئىستراتېگىيەسىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، تۈرلۈك ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك. شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، قانۇن ئىجرا قىلىش، قانۇن يۈرگۈزۈشنىڭ سۈپىتى، ئۈنۈمى ۋە ئاممىۋى ئىشەنچلىكلىكنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسىي ـ قانۇن ساھەسىدە ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېڭى بوسۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

### جى جېڭ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» مەخسۇس تېمىلىق پارتىيە دەرسى سۆزلىدى

# ئەسلىي مەقسەتنى ساقلاپ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىپ، باش نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۈچلۈك تەشكىلىي كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك

مۇخبىرىمىز جاڭ يەنفاڭ خەۋەر قىلىدۇ: 7 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى جى جېڭ «كوممۇنىستلارنىڭ ئەسلىي مەقسىتى ۋە بۇرچنى چىڭ ساقلاپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ تەشكىلىي لۇشيەنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش داۋامىدا مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىش»نى تېما قىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، ئىشتات ئىشخانىسى، پېشقەدەم كادىرلار ئىدارىسى، پارتىيە مەكتىپى قاتارلىق ئورۇنلاردىكى پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارغا مەخسۇس تېمىلىق پارتىيە دەرسى سۆزلىدى. «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى مەركىز 6 ـ يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئالاقىدار رەھبىرى قاتناشتى.

جى جېڭ چوڭقۇر ئۆگىنىش ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، ئۆزىنىڭ ئەسلىي مەقسەتنى ساقلاپ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىشقا بولغان تونۇشىنى سۆزلىدى، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى ۋە تەشكىلات خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانى بىلەن ئۆلچەمگە توغرىلىنىپ، قانۇن ـ نىزامغا توغرىلىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەشكىلات خىزمىتىدە ساقلانغان مەسىلىلەرنى كۆرسىتىپ بەردى، دىققەتنى شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى ۋە تەشكىلات خىزمىتىنىڭ سۈپىتى ۋە سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ كونكرېت تەدبىرىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى.

جى جېڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئەسلىي مەقسەتنى ساقلاپ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىشتا، جەزمەن ئالدى بىلەن ئېتىقاد، ئەقىدە مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىش، جەزمەن ئۆلچەمگە توغرىلىنىپ، قانۇن ـ نىزامغا توغرىلىنىپ پەرقلەرنى تېپىپ چىقىش، جەزمەن تەشكىلات خىزمىتىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ئارقىلىق پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنىڭ كاللىسىنى قوراللاندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىش، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىش، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. مەۋقەنى ئاساسىي مەسئۇلىيەت، ئاساسىي كەسىپكە قويۇپ، رەھبەرلىك بەنزىسى ۋە كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى، ئاساسىي قاتلام تەشكىلات قۇرۇلۇشى، ئىختىساسلىقلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى ۋە كادىر، ئىختىساسلىقلار ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنىڭ ھەممە تەشكىلات سىستېمىسى ئۆز قۇرۇلۇشىنىڭ سۈپىتى ۋە سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ تەشكىلىي لۇشيەنىنىڭ شىنجاڭدا ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا تۈرتكە بولۇپ، باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۈچلۈك تەشكىلىي كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

### سارقىت ئاقان «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» مەخسۇس تېمىلىق پارتىيە دەرسى دوكلاتى بەردى

# ئەسلىي مەقسەت ـ بۇرچنى چىڭىتىپ، نەمۇنىلىك ئورگان قۇرۇش كېرەك

مۇخبىرىمىز جاڭ يۈنپې خەۋەر قىلىدۇ: ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، 7 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مۇۋەققەت باش كاتىپ، ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى سارقىت ئاقان مەخسۇس تېمىلىق پارتىيە دەرسى دوكلاتى بەردى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بەنگۇڭتىڭى ۋە ئىككىنچى دەرىجىلىك ئىدارىلەر ھەم ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدىكى بارلىق پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلار دوكلاتنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدى.

سارقىت ئاقان «ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، قەتئىي تەۋرەنمەي شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ئارقىلىق كاللىنى قوراللاندۇرۇش» «باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقى، تەستىقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى مۇكەممەل، توغرا ئىگىلەپ، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قەتئىي تەۋرەنمەي ياخشى تۇتۇش» «ئەسلىي مەقسەت ـ بۇرچنى چىڭىتىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتنى خاتىرجەم قىلىدىغان، خەلق ئاممىسىنى رازى قىلىدىغان نەمۇنىلىك ئورگان قۇرۇشتا ئالدىدا مېڭىش، ئۈلگە بولۇش»تىن ئىبارەت ئۈچ جەھەتتە كۆپچىلىك بىلەن تەسىراتىنى ئالماشتۇردى.

سارقىت ئاقان مۇنداق كۆرسەتتى: ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بەنگۇڭتىڭى، ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بۇ قېتىمقى باش تېما تەربىيەسىنى پۇرسەت بىلىپ، باشلامچىلىق بىلەن «پارتىيە مەركىزىي كومىتېتنى خاتىرجەم قىلىدىغان، خەلق ئاممىسىنى رازى قىلىدىغان» نەمۇنىلىك ئورگان بەرپا قىلىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشتا ئۈلگە بولۇشى؛ باشتىن ـ ئاخىر يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاشتا ئۈلگە بولۇشى؛ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تۈرلۈك تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە ئۈلگە بولۇشى؛ ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ سۈپىتى ۋە سەۋىيەسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈشتە ئۈلگە بولۇشى كېرەك.

# تارىم نېفىتلىكى ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىكى بىرىنچى چوڭقۇر قۇدۇق رېكورتىنى يېڭىلىدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي رايونىدا مول تەبىئىي گاز بايلىقى بار، بولۇپمۇ شىنجاڭ تارىم ئويمانلىقىنىڭ تەبىئىي گاز بايلىقى مىقدارى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە تەبىئىي گاز ئومۇمىي بايلىق مىقدارىنىڭ 22%نى ئىگىلەيدۇ. لېكىن تارىم ئويمانلىقىنىڭ يەر يۈزى مۇھىتى ناچار، يەر ئاستى شارائىتى مۇرەككەپ بولۇپ، دۇنيا بويىچە نېفىت ـ گاز چارلاپ تەكشۈرۈش قىيىنلىق دەرىجىسى ئەڭ چوڭ رايونلارنىڭ بىرى دەپ قارىلىدۇ.

«لۇنتەن 1 ـ نومۇرلۇق قۇدۇق بۇلتۇر 6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنىدىن باشلاپ بۇرغىلانغان، بۇرغىلاپ چارلاشتىكى مەقسەت چوڭقۇر يەر قاتلىمىدىكى نېفىت ـ گاز ئىز باسما رايوننى ئىزدەپ تېپىشتۇر.» تارىم نېفىتلىكى بايلىق تەكشۈرۈش باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى سەي جېنجۇڭ تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: «نۇرغۇن ئۇسكۈنە بەلگىلىك چوڭقۇرلۇققا يەتكەندىن كېيىن، يۇقىرى تېمپېراتۇرا، يۇقىرى بېسىم سەۋەبلىك داۋاملىق خىزمەت قىلالمايدۇ، شۇڭا قۇدۇقنىڭ چوڭقۇرلۇقى 6000 مېتىردىن ئاشقاندىن كېيىن ھەر 100 مېتىر قازغاندا، ئۇنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسىدە كۆرسەتكۈچ دەرىجىلىك ئېشىش كۆرۈلىدۇ».

تارىم نېفىتلىكى قۇدۇق گەۋدىسى قۇرۇلمىسى، بۇرغىلاش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ تارتىشقا بەرداشلىق بېرىشچانلىقى، سۇ كۈچى ئىلمى قاتارلىق جەھەتلەردە ئەلالاشتۇرۇش، دەللەشنى قانات يايدۇرۇپ، قۇدۇق گەۋدىسى قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، بۇرغا بېشىنى سەرخىل ياساپ، ئادەتتىن تاشقىرى يۇقىرى بېسىم، ئادەتتىن تاشقىرى يۇقىرى تېمپېراتۇرا، ئادەتتىن تاشقىرى يۇقىرى يەر پوستى كۈچىنىشى قاتارلىق بۇرغىلاپ چارلاشتىكى بىر قاتار قىيىن مەسىلىلەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يېڭىپ، بۇرغا بېشىنى 9000 مېتىرغا يېقىن يەر قاتلىمى چوڭقۇرلۇقىغا يەتكۈزدى.

تارىم نېفىتلىكىنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، لۇنتەن 1 ـ نومۇرلۇق قۇدۇقى يەنە ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىكى ئەڭ چوڭقۇر ئەۋرىشكە ئېلىش ۋە ئەڭ چوڭقۇر قۇدۇق ئۆلچەشتىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك رېكورتنى يېڭىلىغان.